# شەرقتىن غەربكە يېقىلغان مەشئەل-گىگانىت ئىسلام پەيلاسوپى

مەھمۇت بىلگە

## ❖ ئىبنى رۇشد

ئىبنى رۇشد - شۈبھىسىزكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسى يېتىشتۈرگەن ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىسلام دۇنياسىدا پەلسەپەنى سىستېمىلىق ھالەتكە كەلتۈرگەن ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ شاھلىق دەۋرىنى ياراتقان ئىبنى سىنادىن كېيىن «مەششائيي» پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىل خاراكتېرلىك پەيلاسوپلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنداقلا، ئارىستوتېل پەلسەپەسىنى ئەڭ ياخشى شەرھلىگەن ۋە غەرب دۇنياسىنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپەسى بىلەن تونۇشۇشىغا ۋەسىلە بولغان ئەڭ مۆتىۋەر ئارىستوتېل شەرھچىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر لاتىن دەۋرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەسىر ئاستىغا ئالغان ئىبنى رۇشدنىڭ، ئاقارتىش ۋە ئىسلاھات (رېنەسانس) پىكرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا بەلگىلىگۈچى رولى بارلىقى قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە. غەربنى شۇ قەدەر تەسىر ئاستىغا ئالغانكى ھەتتا ئىبنى رۇشدچىلىك ئېقىمى ۋە ئىبنى رۇشد تەرەپدارى پەيلاسوپلار بارلىققا كەلگەن. ئىبنى رۇشد گەرچە بىر قىسىم پەيلاسوپلارنى ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىشتا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، بۈيۈك ئالبەرت ۋە توماس ئاكۋىناسقا ئوخشاش ئۆز دەۋرىنىڭ گىگانىت پەيلاسوپلىرى تەرىپىدىن ئېغىر قارشىلىققا دۇچار قالغان. ئىبنى رۇشد ئېقىمى پەلسەپە ساھەسى سىرتىدىمۇ پەرقلىق سەنئەت ساھەلىرىدىن بىسىملارغا ئۇچراپلا قالماستىن، ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىر كاتولىك دىنى مەھكىمىسىنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك ئىبنى رۇشدچىلەرنىڭ ئۆزىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە «لىبەرتىن» دەپ ئىسىملەندۈرگەنلىكى تارىخى ئەسەرلەرگە قەيت قىلىنغان.[1]

پەلسەپەنىڭ ھەر تۈرىدىن تېبابەت ، ئاسترونومىيە ۋە قانۇنغىچە بولغان ئىلىملەردە ۋايىغا يەتكەنلىكى ۋە ئۆزگىچە پىكىرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۇنىڭ پەقەت ئارىستوتېل شەرھچىسى ۋە ئەگەشكۈچىسىدىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدىغان ۋە شۇنداقلا ئۆزگە خاس بىر ئالاھىدىلىكى بىلەن يېتىشكەن يېتۈك بىر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولماقتا.

ئىسلامي ئىلىملەر نۇقتىسىدىنمۇ ۋايىغا يەتكەن ئىبنى رۇشد ئەندەلۇس قازىلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ھەققىدە مۆتىۋەر ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇ ھەم پەندە ھەمدە دىندا يېتىشكە بىر ئالىم ۋە پەيلاسوپتۇر. ئۇنىڭ دىن بىلەن پەلسەپەنى مۇناسىۋەتلەندۈرۈشى «دىن بىلەن پەلسەپە سۈت

[1] Sadi Yılmaz, “Batıyı Aydınlatan İslam Düşünürü İbn Rüşd”, *BİGÖL ÜNİVERSİTESİ İLAHİYAT FAKÜLTESİ DERGİSİ*, sy 11 (2018), s.393

قىرىنداشـــتۇر» جۈملىســـــدە ناهـــايىتى يـــارقىن ئىپـــادىلەنگەن بولـــۇپ، پەلســـەپەۋىي ئىلىمـــلەرگە قارشى چىققۇچىلارغا ئەجەللىك زەربە بەرگۈچى جاۋاب ماھىيىتىدە بولغان.

ئىبنــى رۇشــد «پەلســەپە ۋە دىــن ھەققىــدە پــاراڭ» نــاملىق ئەســرىدە ئەقىــل يۈرۈتــۈش يــاكى «قىياســى ئەقلى(پەلســەپە)نى ئــۆگىنىش ۋاجىبتــۇر» دېــيىش ئــارقىلىق لوگىكــا ۋە پەلســەپەنىڭ ئەھمىيــتىگە دىقــقەت نەزىرىمىزنــى بۇرىغــان ئاساســتا پەلســەپە ھەرىكىتىنىــڭ پەرز بىــر ئىبــادەت ئىكەنلىكىنــى تەكىــتلەش ئــارقىلىق «پەلســەپە تەلىمــى» ھــۆكمى ھەققىــدە پەتــۋا ماھىيىتىــدە پىكىرلىرىنــى ئوتتۇرىغــا قويغــان. ئەلــۋەتتە بىــر قــازى ئاخۇنۇمنىــڭ پەلســەپە ھەققىــدە ئوتتۇرىغــا قويغــان پەتــۋا ماھىيىتىــدىكى جاۋابىـــدا «ۋاجىـــب» ســۆزلۈكىنى ئىشلىتىشــى كۆڭلــۈك تىلــدىكى «زۆرۈرىــيەت» مەنىســىنى ئىپادىلىمەســتىن پىقھــى تىلــدىكى يــاكى پىقھــى ئاتالغۇســى بــويىچە پەرز دەرىجىــدىكى «ۋاجىــب» مەنىســىنى ئىپــادىلىگەن بولىشــى كېــرەك. ئۇنىــڭ پەلســەپەگە ئەھمىــيەت بېرىشــى ئەقىلــگە ئەھمىــيەت بېرىشــى بىــلەن زىــچ مۇناســىۋەتلىك بولــۇپ، ئۇنىڭغــا نىســبەتەن ئىنســانىنى باشــقا مەۋجۇتلــۇقلاردىن ئايرىيــدىغان يىگــانە مەۋجۇتلــۇق ئەقىلــدۇر. ئەقىــل ســۇلتانلىق رولىنــى ئوينايــدىغان بولــۇپ، نەپســىنىڭ كــۈچلىرى ئەقىــل ئۈچــۈن خىــزمەت قىلىــدۇ ۋە ئەقىلــگە قانچىلىك خىزمەت قىلالىشىغا قاراپ مەناغا ئىگە بولىدۇ.

### ❖ ھاياتى

مىلادىــيە 1126-يىلــى قۇرتۇبــادا دۇنياغــا كەلــگەن[2] ئىبنــى رۇشــدنىڭ تەخەللۇســى بىــلەن بىــرگە تولــۇق ئىســمى ئەبــۇل ۋەلىــد مــۇھەممەد بىــن ئەھــمەد بىــن مــۇھەممەد بىــن ئەھــمەد بىــن ئەھــمەد ئىبنــى رۇشــد ئەل قۇرتــۇبى بولــۇپ، دىنــدار ۋە نوپۇزلــۇق بىــر ئائىلــدە دۇنياغــا كەلــگەن. ئائىلىســىدىن دادىســى بىــلەن بوۋىســى ئەنــدەلۇس قــازىلىقى ۋەزىپىســىنى ئــۆتىگەن بولــۇپ، مــالىكى پىقھىســىدا ســۆز ئەھلــى بولغــان ۋە «قــازى» يــاكى «قازىــل قــۇززات» (قازىلارنىــڭ قازىســى) نــامى بىــلەن ۋەزىــپە ئــۆتىگەن بوۋىســىمۇ «ئىبنـــى رۇشـــد» تەخەللۇســـى بىـــلەن مەشـــھۇر بولغـــان. «ئەكبەر»(بۈيــۈك)، «فەقىــھ» نــاملىرى بىــلەن مەشــھۇر بولغــان ئىبنــى رۇشــد بىــلەن بوۋىســى ئارىســىدىكى ئارىلىشــىپ كېتىشــنى يــوقىتىش ئۈچــۈن « ئىبنــى رۇشــد ئەلھەفىــد»(نەۋرە ئىبنى رۇشــد) شەكلىدە تونۇلۇپمۇ كەلگەن.[3]

ئىبنـــى رۇشـــد ئارىســـتوتېلنىڭ ئەســـەرلىرىنى ئۇنىـــڭ ئۇســـلۇبلىرىغا ســـادىق قالغـــان ئاساســـتا شـــــەرھىلىگەنلىكى ئۈچـــــۈن ئىســـــلام دۇنياســـــىدا «ئەش شـــــارىھ»، لاتىـــــن دۇنياســـــىدا «commentator» دەپ تونۇلغـــان. ئەنـــدەلۇس يەھـــۇدىلىرى «ئـــابەن روشـــد»، ئىســـپانىيەلىكلەر «ئــاۋەن روشــد» ۋە ئاخىرىــدا لاتىــنچە بىــر تەلەپپــۇز توقــۇپ چىقىرىلــىپ «ئــاۋەرروس» يــاكى «ئاۋەررويس» بولغان.[4]

---

[2] M.M. Şerif, *Klasik İslâm Filozofları ve Düşünceleri*, 3. bs (İstanbul: İnsan Yayınları, t.y.), s.299.
[3] Hüseyin Sarıoğlu, *İbn Rüşd*, 3. bs (İstanbul: İSAM Yayıları, 2019). s.31.
[4] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, 9. bs (Ankara: İSAM Yayıları, 2020). s.367.

ئىبنى رۇشد ئۆز دەۋرىنىڭ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ئاساستا ئاۋال ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن گىراماتىكىغا ئوخشاش تىل ئىلمىنى ئىگەللىگەن ۋە دىن ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەرنى دادىسىدىن تەھسىل قىلغان بولۇپ، مالىك بىن ئەنەسنىڭ «ئەل مۇۋەتتا» ناملىق ئەسىرىنى دادىسىنىڭ قولىدا يادلاپ تۈگەتكەن . دادىسى قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم ئالىملىرىدىن پىقھى ئىلمى تەھسىل قىلغان ئىبنى رۇشد تېبابەتتە ئەل بەلەنسى، ماتېماتىكىدا، تېبابەت ۋە پەلسەپەۋى ئىلىملەردە ئەت تەرجالى قاتارلىق ئۆ دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىنى ئۇستاز تۇتقان بولۇپ داڭلىق ھەكىم ئىبنى زۇھر بىلەنمۇ يېقىن دوسلۇقى بارلىقى تارىخى ئەسەرلەرگە قەيت قىلىنغان.ئىبنى تۇفەيل ئىبنى رۇشدنى مۇۋەھھىدى ھۆكۈمدارىغا تونۇشتۇرغان مەزگىللىردە تىبابەتكە ئائىت «ئەل كۇللىيات» ناملىق بىر ئەسەرنى قەلەمگە ئالغانلىقى تارىخى كىتابلارغا قەيت قىلىنغان. ئۇ بۇ دەۋردە پەلسەپە ئىلىملىرىدا كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرىنى شەرھلىيەلەيدىغان سەۋيەگە يەتكەن ئىدى.[5] ئۇنىڭ پەلسەپە ئۇستازلىرى ھەققىدە تارىخي ئەسەرلەردە كۆپ مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئىبنى ئەبى ئۇسەيبە داڭلىق ئەندەلۇس پەيلاسوپى ئىبنى باججەنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئەمما، ئىبنى رۇشد بىلەن ئىبنى باججەنىڭ ياشىغان دەۋرى بىر بولسىمۇ ئىبنى رۇشد 12 ياشقا كىرگىنىدە، 1139-يىلىدا ئىبنى باججە ۋاپات تاپقان بولۇپ، ھەتتا قۇرتۇبا سىرتىدا ئىدى. بۇ نۇقتىدىن بەزى تارىخچىلارغا نىسبەتەن ئىبنى باججەنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئىبنى تۇفەيل بىلەن قىلغان مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكى دەپ ئۆتەلىشىمىز مۇمكىن.[6]

ئىبنى رۇشدنىڭ ياشىغان دەۋرى مۇرابىتلار دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت غەززالىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ مەسىلە بار دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن يوق قىلىۋەتكەن بىر دەۋر بولۇپ، ئىبنى رۇشدنىڭ ئىلىم ھاياتىنىڭ ئەڭ پارلاق دەۋرى تۈنجى مۇۋەھھىدى ھۆكۈمدار ئابدۇلمۇئمىننىڭ دەۋرى بولغان دېيىشكە بولىدۇ. مۇۋەھھىدىلەر دەۋرى مۇرابىتلار دەۋرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئەركىن بىر دەۋر بولۇپ، ئىبنى رۇشد بۇ دەۋردە تىبابەت ۋە پەلسەپە ئىلىمىنى تەھسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.[7]

ئەقلى ئىلىملەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە بۈيۈك كۈتۈپخانا قۇرغان مۇۋەھھىد ھۆكۈمدارى ئەبۇ يەئقۇپ يۈسۈپ بىن ئابدۇل مۇئمىن دەۋرىنىڭ ئەڭ سەرخىل ۋە تاللانغان ئالىملىرىنى بىر مەجلىس قۇرۇپ دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنى ھەرخىل ئىدارىي ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ. بۇ مەجلىستە ئىبنى تۇفەيلمۇ بار بولۇپ، ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلنىڭ كىتابلىرىنى بەك ئوقۇغۇسى بارلىقىنى ۋە شەرھى يېزىشنى ئىبنى تۇفەيلدىن ئۆتۈنىدۇ. ئىبنى تۇفەيل ياشتا چوڭىيىپ قالغانلىقىنى ۋە ئىدارىي ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى پەش قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىرسىنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىبنى رۇشدنى

---

[5] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, s.367.
[6] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, s.368.
[7] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, s.367-8.

تونۇشتۇردۇ. پەلسەپە تەتقىقاتىدا ھۆكۈمدارنىڭ تەشۋىق ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىبنى رۇشد سېۋىللا قازىلىقىغا تەيىنلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرتۇباغا باش قازىلىق(رەئىسلىك) ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ تەلپى ۋە قوللىشىغا بىنائەن ئۇ ئون يىلدىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنىڭ شەرھىسىنى يېزىشقا باشلايدۇ. 1182-يىلى ئىبنى تۇفەيلىنىڭ ساراي ھەكىملىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ساراي ھەكىملىكى ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، ماراكەشكە يېتىپ بارىدۇ. 1184-يىلى ھۆكۈمدار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئەل مەنسۇر ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئىبنى تۇفەيل ۋە ئىبنى رۇشدكە بۈيۈك ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. 1194-يىلدىن كېيىن ئەل مەنسۇر بىلەن ئىبنى رۇشدنىڭ ئارىسىدا سۈركىلىش يۈز بېرىدۇ. بۇ سەۋەبلىك مەجبۇرى ھالدا قۇرتۇباغا 73 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتا كېلىدىغان ئېلسانى رايونىدا ياشاشقا ئەۋەتىلگەنلىكى تارىخى كىتابلارغا قەيت قىلىنغان. 1198- يىلى 12-10-كۈنى ماراكەشتە ۋاپات تاپقان پەيلاسوپ، ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن قازىل قۇززات(رەئىسلىك) ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن قۇرتۇباغا يۆتكەپ ئېلىپ كېلىنىپ ئىبنى ئابباس قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.[8]

### ❖ ئەسەرلىرى

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن كۆپلىگەن ئەسەر ۋە شەرھلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىبنى رۇشد پەلسەپە، ئىلاھىيەت، لوگىكا، فىزىكا، مېتافىزىكا، سەپسەتە، جەدەل، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىقھى، ئەخلاق، سىياسەت ۋە تىبابەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر ساھەدە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، بىز ئەڭ مۇھىملىرى ياكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ساناپ ئۆتەشكە تىرىشىمىز. جامالىددىن ئەل ئالەۋىي ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ 108كە يېتىدىغانلىقىنى دەپ ئۆتىدۇ.[9]

ئۇنىڭ پەلسەپەگە ئائىت 28 ئەسىرى بارلىقى تارىخى كىتابلارغا قەيت قىلىنغان بولۇپ، مۇھىم ئەسەرلىرىدىن «تەھافۇتۇت تەھافۇت»(تۇتامسىزلىقنىڭ تۇتامسىزلىقى) ناملىق ئەسىرى غەززالىنىڭ «تەھافۇتۇل فەلاسىفە»(پەيلاسوپلارنىڭ تۇتامسىزلىقى) ناملىق ئەسىرىگە رەددىيە سۈپىتىدە يېزىلغان بىر ئەسەر بولۇپ، پەلسەپەۋىي بىر ئەسەردۇر. شۇنداقلا «دىن ۋە پەلسەپە ھەققىدە پاراڭ» ناملىق ئەسىرى، مېتافىزىكىغا ئائىت «جەۋامىئۇ مابەئىدە تەبىئە»، «تەلخىسۇ مابەئىدە تەبىئە»،«تەفسىرۇ مابەئىدە تەبىئە»، «ماقالە فى ئىلمىل ئىلاھىي» ؛ فىزىكىغا ئائىت « كىتابۇس سامائۇت تەبىئىي»، «كىتابۇس سامائ ۋەل ئالەم»، «كىتابۇل كەۋن ۋەل فەساد»، «كىتابۇل ھەيەۋان»، «كىتابۇن نەفس»؛ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيەگە ئائىت «ماقالە فى جەۋھەرىل فەلەك، ماقالە فىل جىرمىس ساماۋىي»، «ماقالە فى ھەرەكەتىل جىرمى ساماۋىي»، «مۇختەسەرۇل مەجەست»؛ فىقھى ئىلمىگە ئائىت «بىدايەتۇل مۇجتەھىد ۋە نىھايەتۇل مۇقتەسىد»، «كىتاب فى ئۇسۇلۇل فىقھ»؛ ئەخلاققا ئائىت «تەلخىسۇ كىتابىل ئەخلاق لى

[8] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, s.368-9.
[9] Hüseyin Sarıoğlu, *İbn Rüşd Felsefesi*, 5. bs (İstanbul: Klasik Yayınları, 2020).s.33.

ئارىستوتالىس»؛ سىياسەتكە ئائىت«جەۋامىئۇ سىياسەتى ئەفلاتۇن»؛ تىبابەتكە ئائىت« كىتابۇل كۇللىيات»؛لوگىكا ئىلمىگە ئائىت ئەڭ ئاز 26 ئەسىرى بار بولۇپ، «ئەل مۇختەسەر فىل مەنتىق»، «تەلخىسۇ كىتابۇل مەئقۇلات»، «تەلخىسۇ كىتابۇل قىياس»، «تەلخىسۇ كىتابۇل بۇرھان»، تەلخىسۇ كىتابۇ سەفسەتە» ناملىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.[10]

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسىدا ئارىستوتېل كۇللىياتىنىڭ ئۈچ تۈر (ئۇزۇن، قىسقا ۋە ئوتتۇرىچە) شەرھىسىنى قەلەمگە ئېلىشى بىلەن مەشھۇر بولغان. ھەجمى نۇقتىسىدىن قىسقا شەرھلەر كۆپرەك ئارىستوتېل تەلىماتلىرىنى شەرھلىگەن يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئىزاھلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىچە شەرھى ھۆكۈمدارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئاددىي ۋە ئوچۇق تىلدا چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغان شەرھى تۈردۇر. ئۇزۇن شەرھلەر ئىبنى رۇشدنىڭ كامالەتكە يەتكەن دەۋرى بولۇپ، ئارىستوتېل پىكىرلىرى يېنىدا ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان شەرھى تۈردۇر.[11]

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇزۇن تۈردىكى پەلسەپەۋي شەرھلەر ئىسلام پەلسەپەسىنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن يۇقىرى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ تېمىلىرى، مەسىلىلىرى ۋە ئىچ تالاش-تارتىشمىلىرىدىن خەۋەردار بولۇش نۇقتىسىدىنمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

### ❖ پايدىلانغان مەنبەلەر:


Hüseyin Sarıoğlu. *İbn Rüşd*. 3. bs. İstanbul: İSAM Yayıları, 2019.

Hüseyin Sarıoğlu. *İbn Rüşd Felsefesi*. 5. bs. İstanbul: Klasik Yayınları, 2020.

M.M. Şerif. *Klasik İslâm Filozofları ve Düşünceleri*. 3. bs. İstanbul: İnsan Yayınları, 2000.

M.Cüneyt Kaya. *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*. 9. bs. Ankara: İSAM Yayıları, 2020.

Sadi Yılmaz. "Batıyı Aydınlatan İslam Düşünürü İbn Rüşd". *BİGÖL ÜNİVERSİTESİ İLAHİYAT FAKÜLTESİ DERGİSİ*, sy 11 (2018).


[10] Hüseyin Sarıoğlu, *İbn Rüşd Felsefesi*, s.34-39.

[11] M. Cüneyt Kaya, *İslam Felsefesi Tarih ve Problemler*, s.369.